# دەل يەلكەن چىقىرىپ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىگەن مەزگىل

## —— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشتا، جەزمەن ئىسلاھاتنىڭ بۆسۈش ۋە باشلامچىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھاتقا تايىنىپ ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئېچىش كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇشۇنداق جاكارلىدى.

بوران ـ چاپقۇن ئەۋجىگە چىققاندا، قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇش، جاسارەت ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئىلگىرىلەش داۋامىدا شانلىق سەھىپە پۈتۈش.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىسلاھات بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلاھات پۈتۈن ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەپ، قەدەمنى پۇختا، تېز ۋە سىلىق ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ يۇقىرى مەنزىلگە قاراپ چوڭ قەدەم تاشلاپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

### شىددەتلىك دولقۇندا رولنى تۇتۇپ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش

**—— باش شۇجى شى جىنپىڭ بايراقنى كۆتۈرۈپ نىشان بەلگىلەپ، قوماندانلىق قىلىپ جەڭگە ئاتلىنىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى**

2020 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ شېنجېنغا كېلىپ شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقاندا، يەنە بىر قېتىم ئىسلاھات كۈچلۈك ساداسىنى چىقاردى: «ئىسلاھاتنى توختىتىپ قويىماي، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى توختىتىپ قويىماي، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئالغا سىلجىتىش كېرەك!»

«13 ـ بەش يىل»غا نەزەر سالساق، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئېنىقكى ئەڭ روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكى.

بەش يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەپ، كۆپ نۇقتىدىن بۆسۈش ھاسىل قىلىش، چوڭقۇرلاپ ئالغا سىلجىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى سىجىل كېڭەيتىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش دەسلەپكى مەزگىلدىكى قورغاننىڭ ئۇلىنى پۇختىلاش، تۈۋرۈك ـ لىم تىكلەشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلىپ، ياخشى ۋەزىيەت يارىتىلىپ، سىستېمىلىق توپلاشقان، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېڭى باسقۇچقا كىردى.

پاراخوتقا ئېغىر يۈك بېسىلسىمۇ، رولنى بىر ئادەم تۇتىدۇ. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار مۇھىم، زور بۆسۈشلەرنىڭ ھەممىسىگە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشى ۋە ئاجايىپ جاسارىتى سىڭگەن.

2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، بېيجىڭ جۇڭنەنخەي، «13 ـ بەش يىل» باشلانغان يىلدىكى مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنى.

شۇ ۋاقىتتا، پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 2020 ـ يىلغا بارغاندا مۇھىم ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە پەقەت بەش يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت قالغانىدى.

نەق مەيداندىكى مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ھەممە مەركەز ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق تەكىتلىگەنىدى: «ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى باشتىكى ئۈچ يىل قورغاننىڭ ئۇلىنى پۇختىلايدىغان، تۈۋرۈك ـ لىم تىكلەيدىغان ئۈچ يىل، بۇ يىل تىرىشىپ ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي گەۋدە رامكىسىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك».

پەللىدىن چىقىشنىڭ ئۆزى كۈچەش، باشلاشنىڭ ئۆزى ھەل قىلغۇچ جەڭ.

بەش يىلدىن بۇيان، مەيلى تۈرلۈك مۇھىم يىغىنلارغا قاتنىشىپ ئىستراتېگىيەلىك پىلاننى ياخشى تۈزۈشتە بولسۇن، مەيلى ھەرقايسى جايلاردىكى ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئەقىل سوراشتا بولسۇن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق تەدبىر، شۇنداقلا ‹ئىككى 100 يىل›لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق تەدبىر»، «ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ‹تۆت ئومۇمىيۈزلۈك› ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىدىكى مۇھىم بىر ھالقا سۈپىتىدە كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك»، دەپ جاكارلىدى.

بەش يىلدىن بۇيان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 37 قېتىم مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ تاغقا يولۇققاندا يول ئېچىش، دەرياغا يولۇققاندا كۆۋرۈك سېلىشتەك ئىسلاھات روھى بىلەن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مۇھىم، زور ئىسلاھاتلارنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئىسلاھاتلارنىڭ چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، چىقىرىلغان لايىھەلەرنىڭ كۆپلۈكى، چېتىلىدىغان مەنپەئەتلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئالغا سىلجىتىش سالمىقىنىڭ زورلۇقى مىسلىسىز بولدى.

2016 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئەنخۇي فېڭياڭ شياۋگاڭ كەنتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئارىسىغا كېلىپ، شۇ جايدىكى شەھەر، ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە شياۋگاڭ كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسى ئەزالىرى، چوڭ ھۆددىگەرلىك باشلامچىلىرى، كەنت ئاھالىلىرى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېزا ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

«شياۋگاڭ كەنتى يېزا ئىسلاھاتى ئاساسلىق تۇنجى يولغا قويۇلغان جاي. شياۋگاڭ كەنتىدىكى چوڭ ھۆددىگەرلىك قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئائىلىلەر ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان، بىرتۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى پارتىيەمىزنىڭ يېزا سىياسىتىنىڭ مۇھىم ئۇل تېشى. شياۋگاڭ كەنتىدە ئېچىلغان بۇ سۆھبەت يىغىنى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ سەممىيلىك بىلەن.

دەل مۇشۇ قېتىملىق يېزا ئىسلاھاتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سالغان ھالدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «يېڭى ۋەزىيەتتە يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئاساسىي لىنىيە يەنىلا دېھقانلار بىلەن يەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش» «يەر ھۆددىدە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تىزىملاش تۈزۈمىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەققىي تۈردە دېھقانلارغا ‹خاتىرجەم قىلىش كۈملىچى› يېگۈزۈش كېرەك».

تۆت ئايدىن كېيىن، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 27 ـ قېتىملىق يىغىنىدا «يېزا يېرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ھۆددىگەرلىك ھوقۇقى، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللىنىپ، نىشان يېزا يېرىگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى تۈزۈمىنىڭ ھازىرقى يېزىلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتى بىلەن ماسلىشالماسلىقتەك قىيىن مەسىلىگە بىۋاستە قارىتىلدى.

يېزا يېرى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى يېزا يېرى تۈزۈمىدىكى يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم، زور ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۆزى پىلانلاپ، ئۆزى تۈرتكە بولۇشى بىلەن قىيىن مەسىلىلەر ھەل بولدى.

يېزا يېرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى بىلەنلا قانداق توختاپ قالغىلى بولسۇن. بەش يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئومۇمىي گەۋدە خاراكتېرلىك قايتا بەرپا قىلىشتىن دۆلەت رېۋىزىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغىچە، ئەدلىيە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە ئەدلىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئارمىيەنىڭ رەھبەرلىك، قوماندانلىق تۈزۈلمىسىنى قايتا ئورنىتىشقىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەم قوماندانلىق قىلىپ، ھەم جەڭگە ئاتلىنىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنى يېتەكلەپ ئىسلاھاتتىكى قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى ——

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، دېموكراتىك قانۇنچىللىق ئىسلاھاتىدا مۇھىم، زور قەدەم تاشلاندى، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمى ئاساسىي ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈم سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلدى، پارتىيە قۇرۇلۇشى تۈزۈمى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلدى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى...

ئەزىمەتلەر باشتىن ـ ئاخىر دولقۇننىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇردى.

يېڭى تېپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ دائىرىدە تارقىلىشى دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىۋەتتى.

قانداق قىلغاندا ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە تاقابىل تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتالىغىلى بولىدۇ؟ ئىسلاھات بۇنىڭغا جاۋاب بەردى.

«بىز ھەرگىزمۇ قارشى شامال ۋە قايتما دولقۇن تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالماسلىقىمىز، تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك»؛ «يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى زىچ چۆرىدەپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، كەسىپ ھالىتى ۋە ئەندىزىدە يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.» 2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقان مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 15 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچلۇق تەدبىردىن داۋاملىق تولۇق پايدىلىنىش، ياخشى پايدىلىنىش كۈچلۈك ساداسى ياڭرىتىلدى.

كرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈلدى، ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى ——

تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى بەرپا قىلىشتىن يېڭى دەۋردە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىشتا يېڭى ئەندىزە شەكىللەندۈرۈشكىچە؛ يېڭى دەۋردە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىردىن چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش ئىجازىتى پاسسىپ تىزىملىكىنى يەنە قىسقارتىشقىچە؛ توردا گۇاڭجوۋ سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈشتىن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى يۇقىرى سۈپەتتە پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىشقىچە...

يەر شارىۋىلىشىشقا قارشى پىكىر ئېقىمى باش كۆتۈرۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش جۇڭگونىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قوغداپلا قالماي، بەلكى ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشىنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، تەڭپۇڭ بولغان، ئورتاق پايدا ئالىدىغان يۆنىلىشكە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولماقتا.

باشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئىشنىڭ مۈشكۈللۈكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئاجايىپ مۇساپىگە نەزەر سالساق، ئىسلاھات چوڭقۇر سۇ رايونىغا كىردى، تۈرلۈك ـ تۈمەن چىگىش، مۇرەككەپ ئىشلاردا، تومۇرنى توغرا تۇتۇش، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بۆسۈش ئېغىزىنى دەل جايىدا تېپىپ چىقىش تېخىمۇ زۆرۈر.

«كىنىشكا» «ئىجازەتنامە» كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشىدىكى ئىككى «ئاچقۇچ». «كىنىشكا بېجىرىش تەس بولۇش» بىر مەھەل يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشتىكى توسالغۇ بولۇپ قالغانىدى. 2018 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، «ئىجازەتنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىش» ئىسلاھاتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يولغا قويۇلدى...

«ئۆرنەك قىلغىلى، ئومۇملاشتۇرغىلى بولىدىغان تەجرىبە، ئۇسۇللارنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرۈپ، دائىرىدىكى ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇش» «كىچىك غەلىبىلەر ئارقىلىق چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش» —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يولىيورۇقلىرى چوڭقۇر تەپەككۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەمەلىيەتنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىپ، ئىسلاھاتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى بىراقلا ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولدى.

دەۋر ئىدىيەنىڭ ئانىسى، ئەمەلىيەت نەزەرىيەنىڭ مەنبەسى.

يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق ئورنى ۋە مۇھىم رولى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يۆنىلىشى ۋە يولىدا چىڭ تۇرۇلدى، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ باش نىشانى ۋە قىممەت يۆنىلىشى بېكىتىلدى، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئىلمىي يولى ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى پىلانلاندى، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق قاتارلىق مۇھىم، زور مۇناسىۋەتلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى...

قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىسلاھات ئەمەلىيىتىنى مەۋقە قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئومۇمىي گەۋدە ئورۇنلاشتۇرمىسى، مۇھىم، زور مەسىلىلەر، ئاچقۇچلۇق ھالقىلار توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم يولىيورۇقلارنى بېرىپ، ئىسلاھاتنى تونۇش نەزەرىيەسى ۋە مېتودولوگىيەسىنى يەنىمۇ بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈلدى ھەم تۈرگۈزۈلدى.

بۇنىڭغا ئاجايىپ سىياسىي جاسارەت، خەلققە بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت، چوڭقۇر تارىخىي نەزەر، كەڭ خەلقئارا نەزەر، ئىلمىي دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر، كۈچلۈك يېڭىلىق يارىتىش روھى سىڭگەن بولۇپ، ھەم ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدىكى مۇھىم تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا ئىسلاھات نەزەرىيەسىدىكى مۇھىم، زور يېڭىلىق يارىتىش... باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسى ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كۈچلۈك ئىدىيە ۋە نەزەرىيە قورالى بىلەن تەمىنلەپ، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئۈزلۈكسىز تۈردە ئەمەلىيەت داۋامىدا پۈتۈنلەي يېڭى مەنزىل ئېچىشقا يېتەكلىدى.

### ھۇجۇم بىلەن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئۆتكەلنى ئىگىلەپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

**—— ئىسلاھاتنى دەۋر تېمىسىغا بىۋاستە يۈزلەندۈرۈپ، دىققەتنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا مەركەزلەشتۈرۈش ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممەبەھرە جۇڭگونى تېخىمۇ تەقەززا قىلماقتا**

مەسىلە دەۋرنىڭ ساداسى.

ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان تارىخىي ئۆتكەل نېگىزگە مۇناسىۋەتلىك، پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يېتەكچى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت كۆرسەتمىسىگە جىددىي ئېھتىياجلىق.

ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممەبەھرە بولۇش —— باش شۇجى شى جىنپىڭ «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تەكلىپىنى تەييارلاشقا رىياسەتچىلىك قىلغاندا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىجادىي ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئۇ «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تەكلىپىگە كىرگۈزۈلدى.

ئىدىيە ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭقۇر ئۇلۇغ كۈچ ئىسلاھاتنى يول قىلىپ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئەمەلىي ئىزدىنىشكە ئايلاندۇرۇشقا ئېھتىياجلىق.

2016 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، 12 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىدا «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. ئالتە كۈندىن كېيىن، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 22 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈشنى چۆرىدەپ، ئىسلاھات سالمىقىنى زورايتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يېڭى نورمال ھالىتىدە دۇچ كەلگەن زىددىيەت ۋە خىرىسلارغا بىۋاستە يۈزلىنىپ، بوغما ھالەت ۋە كەمتۈكلۈكلەرگە توغرىلىنىپ، مەركىزىي نۇقتىغا دەل جايىدا توغرىلىنىپ، ماسلىشىپ كۈچەپ، تىرىشىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، تەرەققىيات تەڭپۇڭلۇقىغا تۈرتكە بولۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ھەممەبەھرە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

تەرەققىيات تېما چىقىرىدۇ، ئىسلاھات كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

ئىجادىي بولۇش بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى، ماس بولۇش ئىچكى ئالاھىدىلىككە ئايلاندى، يېشىل بولۇش ئومۇمىي ھالەتكە ئايلاندى، ئوچۇق بولۇش مۇقەررەر يولغا ئايلاندى، ھەممەبەھرە بولۇش تۈپ مەقسەتكە ئايلاندى... «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنغان، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

—— ئىسلاھات پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت بۇ تەرەققىيات يېڭى موتورىنى ئوت ئالدۇردى.

«چاڭئې»نىڭ ئاينى چارلىشىدىن «چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر»نىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىگىچە، «جياۋلۇڭ»نىڭ دېڭىزغا شۇڭغۇشىدىن ئاۋىياماتكىنىڭ سەپكە كىرگۈزۈلۈشىگىچە، بېيدوۋ تورىنى تەشكىللەشتىن 5Gنى سودىدا قوللىنىشقىچە... جۇڭگو بىر قاتار يېڭىلىق يارىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«ئەگەر پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى موتورىغا ئوخشاتساق، ئۇنداقتا ئىسلاھات بۇ يېڭى موتورنى ئوت ئالدۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئوت ئالدۇرۇش سىستېمىسىدۇر.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى دەل جايىدا ئېيتىلدى.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا مۇھىم، زور قەدەم تاشلىنىپ، مەبلەغ تۈرى، ئىختىساسلىقلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، نەتىجىلەرنى ئايلاندۇرۇش قاتارلىقلار چۆرىدەلىپ بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ يېڭىچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىپ، بىر تۈركۈم دۆلەت تەجرىبىخانىلىرى تەشكىللەپ قۇرۇلۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بۆلىكى تەسىس قىلىنىپ، ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكى ئىسلاھ قىلىنىپ ھەم رويخەتكە ئالدۇرۇش تۈزۈمى نۇقتىدا سىناق قىلىنىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى كۈنسايىن مۇكەممەللەشتى.

—— ئىسلاھاتتا رايونلار ماس تەرەققىياتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى نامايان بولدى.

ۋاقىتنى 2018 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگە قايتۇرايلى. مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 3 ـ قېتىملىق يىغىنىدا «خېبېي شيۇڭئەن يېڭى رايونىنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشنى قوللاش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

«ئىجادىي تەرەققىيات، شەھەر ئىدارە قىلىش، ئاممىۋى مۇلازىمەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئالدىن يولغا قويۇپ، ئالدىن سىناق قىلىندى، ئالدىن بۆسۈش ھاسىل قىلىندى». ئىسلاھات لايىھەسىدە شيۇڭئەن يېڭى رايونىغا ئىسلاھاتتا تېخىمۇ چوڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىلىپ، يېڭى رايوننىڭ بېيجىڭنىڭ پايتەختكە خاس بولمىغان فۇنكسىيەسىنى تارقاقلاشتۇرۇشتىكى مەركەزلىك ئۈستىگە ئالغۇچى ئورۇن بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئورنىنى مەھكەم ئىگىلىشى تەلەپ قىلىندى.

جۇڭگو زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىدە ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش چوڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئىسلاھات چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېي، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى، چاڭجياڭ دېلتىسى قاتارلىقلارنىڭ يېتەكلەش رولى ئۈزلۈكسىز گەۋدىلەندى، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى شەرقىي رايونلارنىڭكىدىن سىجىل يۇقىرى بولدى، رايونلار ماس تەرەققىياتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى ئۈزلۈكسىز ئەلالىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى يېتەكلەشتىن ئىبارەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسىنىڭ رولى تېخىمۇ گەۋدىلەندى.

—— ئىسلاھاتتا گۈزەل جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ روشەن يېشىل تۈسى نامايان قىلىندى.

سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق. بۇ يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر» مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 16 ـ يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ئېكولوگىيە ساھەسىدىكى ئىسلاھاتتا يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، مەنبەدىن باشلاپ قاتتىق ئالدى ئېلىندى، جەريان قاتتىق باشقۇرۇلدى، ئاقىۋەت قاتتىق جازالاندى: تەبىئىي بايلىق مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇلدى، ئېكولوگىيەنى قوغداش تۆلەم تولۇقلىمىسى تۈزۈمى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلدى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باھالاش، تەكشۈرۈش قاتارلىق تۈزۈملەر مۇھىم تۇتقا قىلىنغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

—— ئىسلاھاتتا جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ھەيۋەتلىك، چەكسىز جاسارىتى نامايان قىلىندى.

بۇ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، خەينەن ئەركىن سودا پورتىنىڭ تۇنجى «تاموژنا بېجى ئېلىنمايدىغان» تاۋار تىزىملىكى رەسمىي ئىجرا قىلىندى، بۇ، «خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشى ئومۇمىي لايىھەسى» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشىدا تاشلانغان يەنە بىر مۇھىم قەدەم.

«قاتتىق يادرو»لۇق ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ئارالدىن ئايرىلىدىغاندا باج كەچۈرۈم قىلىنغان ماللارنى سېتىۋېلىش مىسلىسىز قىزىپ كەتتى، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار بەس ـ بەستە كەلدى...

ئىسلاھات توختاپ قالمايدۇ، ئېچىۋېتىش قەدىمى توختاپ قالمايدۇ.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشى تەتۈر ئېقىمغا دۇچ كېلىش ھەم يەككە تەرەپچىللىك، قوغدىغۇچىلىقنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەتئىي تۈردە تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتتى.

138 دۆلەت، 31 خەلقئارا تەشكىلات بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىق ھۆججىتىدىن جەمئىي 201ى ئىمزالاندى، ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ سىغىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى، ئىجادىي خاراكتېرلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسى، كۆلىمى داغدۇغىلىق مۇلازىمەت ـ سودا يەرمەنكىسى... ئېچىۋېتىش يېڭى مېخانىزمىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى تېزلىتىلىپ، قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، شەرق بىلەن غەرب قوش يۆنىلىشتە ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى شەكىللەنمەكتە.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)